# چىن ھېسسىيات، چوڭقۇر مۇھەببەت خاۋجياڭ دەرياسىغا باغلاندى  يۆنىلىش بەلگىلەپ، يول باشلاپ يېڭى سەھىپە نامايان قىلىندى

(بېشى 1 - بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭ ھەر ۋاقىت بۇ كىچىك شەھەردىكى «خۇشاللىق ۋە شادلىق»لارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپ قېتىم ياش ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ئۈچۈن يول كۆرسىتىپ بەردى، يۈرۈش مۇساپىسىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

«پۇرسەتنى تۇتۇپ، پەيتنى پەملەپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە سىڭىپ كىرىش داۋامىدا تەرەققىيات بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى يېتىلدۈرۈش» «ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق دەرىجىدە كۆپ مەنبەلىشىشى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش» «ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلق تۇرمۇشنى ياخشىلاشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش؛ قانۇن بويىچە ئۈنۈملۈك مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاۋمېننى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ گۈللەنگەن قىلىپ قۇرۇش»...خۇددى رەئىس شى جىنپىڭ 2015 - يىلى بېيجىڭغا خىزمەت دوكلاتى بېرىشكە كەلگەن ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى سۈي شىئەن بىلەن كۆرۈشكەندە دېگەندەك: «مەركەز ئاۋمېننىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى».

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، قەلبىگە شياڭگاڭ - ئاۋمېندىكى قېرىنداشلارنى پۈكۈپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىغا قارىتا بىر قاتار مۇھىم بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى «‹بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم›دە چىڭ تۇرۇش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئالغا سىلجىتىش»نى يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىي تەدبىرلىرىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىپ، دۆلەتنىڭ «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇلۇغۋار پىلانىغا كىرگۈزۈپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىگە يېڭى تارىخىي بۇرچ ئاتا قىلدى.

ئاۋمېندىكى ھەرساھە رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، «بىر دۆلەت»نىڭ «ئىككى تۈزۈم»نىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى ئىكەنلىكىدەك بۇ يادرولۇق مۇھىم ئاملىنى چىڭ ئىگىلەپ، ئاۋمېنچە «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئاچتى.

«پاكىت ‹بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم›نى پۈتۈنلەي يولغا قويغىلى بولىدىغانلىقىنى، قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ مايىللىقىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى!» دېدى بۇ يىل 9 - ئايدا رەئىس شى جىنپىڭ يېڭى سايلانغان ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك باش مەمۇرى خې يىچېڭ بىلەن كۆرۈشكەندە.

ئاۋمېنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە سىڭىپ كىرىش «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»دە بولۇشقا تېگىشلىك مەنە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ دەۋر تەلىپى، شۇنداقلا ئاۋمېننىڭ تەرەققىيات يېڭى يۆنىلىشى ئۈستىدە ئىزدىنىشى، تەرەققىيات يېڭى بوشلۇقىنى ئېچىشى، تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قوشۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ غەمخورلۇقى، قوللىشى ئاستىدا، مەركەز ئاۋمېننىڭ ئورنى، رولىنى تولۇق ئويلىشىپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى پىلانلىغان، ئالغا سىلجىتقاندا ئاۋمېننى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىش، پائال سىڭىپ كىرىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ سۇپا ھازىرلاپ بېرىپ، ئاۋمېننىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىنى ساقلاشنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئارقا تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقى تارىخىي تۈگۈندە تۇرغاندا، ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتى يېڭى باسقۇچقا كىرىپ، يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىدۇ.

كېمىلەر قاتنايدۇ ھەريان بەسلىشىپ، دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىگەن ئۆتەر ئالدىغا تېز مېڭىپ. ئاۋمېن چوقۇم «بىر بەلباغ، بىر يول»، گۇاڭدۇڭ - شياڭگاڭ - ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشى قاتارلىق مۇھىم، زور تەرەققىيات پۇرسىتىنى ئىگىلەپ، «بىر دۆلەت» ئاساسىدا چىڭ تۇرۇپ، «ئىككى تۈزۈم»نىڭ پايدىسىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە سىڭىپ كىرىش داۋامىدا ئۆزىنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاۋمېنچە «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر ئالغا سىلجىتالايدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ۋاقىت كوردىناتىدا تۇرۇپ كەلگۈسىگە نەزەر سالدى. باش شۇجى مۇنداق دېدى: «ۋەتەننىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىشى بولىدىكەن، كەڭ ۋەتەننى سۆيىدىغان، شياڭگاڭنى سۆيىدىغان، ئاۋمېننى سۆيىدىغان قېرىنداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بولىدىكەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن چوقۇم ۋەتەننىڭ ئىچكىرى رايونلىرى بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىپ ئورتاق ئىلگىرىلەيدۇ، ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ!»

**(يېزىشقا قاتناشقان مۇخبىرلار: لىيۇ خۇەن، ۋاڭ پەن)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ قولىدىن 1 - ئاۋغۇست ئارمىيە بايرىقى، نام بېرىش گۇۋاھنامىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. شى جىنپىڭ ئۇلار بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى. ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش، سەپكە كىرگۈزۈش مۇراسىمى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئارمىيە مارشى ساداسى ئىچىدە ئاخىرلاشتى.

ئارقىدىن، شى جىنپىڭ «شەندۇڭ» ناملىق ئاۋىياماتكىغا چىقىپ، ھۆرمەت قاراۋۇلنى كۆزدىن كەچۈردى. شى جىنپىڭ ئالاقىدار قورال - جابدۇقلارنى كۆردى، ئاۋىياماتكا ئايروپىلانى ئۇچقۇچىلىرىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. شى جىنپىڭ ھەيدەش بۆلۈمچىسىگە بېرىپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر بىلەن سەممىمىي پىكىر ئالماشتۇردى، كۈندىلىك يۈرۈش خاتىرىسىگە تەنتەنىلىك ئىمزا قويۇپ بەردى.

شى جىنپىڭ پىرىستاندا ئاۋىياماتكا قىسمىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ۋەكىللىرى ۋە ئاۋىياماتكا قۇرۇلۇشى ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى. شى جىنپىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئاۋىياماتكا قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇلارنى يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

دىڭ شۆشياڭ، لىيۇ خې، خې لىفېڭ ھەمدە لى زوچېڭ مۇراسىمغا قاتناشتى.

جاڭ يوۋشيا مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان تۇنجى ئاۋىياماتكىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش، سەپكە كىرگۈزۈشنى ھەم ئاۋىياماتكا نامى، نومۇرىنى ئېلان قىلدى.

جۇڭگو كېمىسازلىق گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى لېي فەنپېي، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ سىلىڭيۈەنى شېن جىنلۇڭ مۇراسىمدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۆز قىلدى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان تۇنجى ئاۋىياماتكىسىغا «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ‹شەندۇڭ› ناملىق ئاۋىياماتكىسى» دەپ نام بېرىلدى، نومۇرى «17» بولدى.

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلار، ھەربىي كومىتېت ئورگىنىدىكى ئالاقىدار تارماقلار، جەنۇبىي قىسىم ئۇرۇش رايونى، دېڭىز ئارمىيەسى، خەينەن ئۆلكىسى ھەمدە ئاۋىياماتكا قۇرۇلۇشى ئورۇنلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار مۇراسىمغا قاتناشتى.

# 2019 - يىللىق شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ياش ئالىملار مۇنبىرى ئۆتكۈزۈلدى

مۇخبىرىمىز فەن خۇڭبى خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، «يىلتىزنى پەرۋىش قىلىپ روھنى تاۋلاش، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش» باش تېما قىلىنغان 2019 - يىللىق شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ياش ئالىملار مۇنبىرى شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن باشلىنىش مۇراسىمغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ياش ئالىملار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشى، ئاكتىپ ھالدا پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىدىن پايدىلىنىپ ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى تەربىيەلەش داۋامىدا، ياخشى غوللۇق تايانچ بولۇپ، تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى؛ پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىدىن ئىبارەت مۇھىم، زور مەسىلىنى تەتقىق قىلىش، شەرھلەشنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ قەلبلەرگە چوڭقۇر سىڭىشىگە سىجىل تۈرتكە بولۇشى؛ يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنىڭ غايىسى بىلەن ۋەتەننىڭ كەلگۈسىنى، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھاياتى بىلەن مىللەتنىڭ تەقدىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسىنى چىڭىتىشى؛ ئۇلۇغ كۈرەش ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىپ، ئاكتىپلىق بىلەن تەشەببۇسكار ھالدا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش، ئامما ئارىسىغا بېرىش، كۈرەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، بوران - چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، كۆرمىگەننى كۆرۈپ، ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇپ، قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

بۇ نۆۋەتلىك مۇنبەرنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى بىرلىكتە ئۆتكۈزدى. مۇنبەردە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ياش ئالىملارنىڭ جەمئىي 429 پارچە ئىلمىي ماقالىسى توپلاندى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن كېيىن 66 پارچە ماقالە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە بولۇپ باھالاندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

قارا چاپلاپ ۋە ئاساسسىز ئەيىبلىدى، بۇ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى قوش ئۆلچىمى ۋە «كىشىلىك ھوقۇق» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىلگىرىلىشىنى توسۇشتەك رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. بۇ خىل ئوچۇقتىن - ئوچۇق زومىگەرلىك قىلمىشى نېمىدېگەن ساختا، بارلىق ئاق كۆڭۈل ۋە ھەققانىيەتچى كىشىلەر بۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، مەن كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى قۇربان بولدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتتى. كەسكىن ۋەزىيەت ۋە مۇرەككەپ ئەھۋال ئالدىدا، شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتە ھادىسىنىمۇ، ماھىيەتنىمۇ تۈزەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە ئاز ساندىكى ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم دىنىي ئەسەبىزم بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇۋالدى، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىشى ۋە قەتئىي ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، ئەسەبىزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى روشەن كۈچەيدى. بىز شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى تىنچ، ئىتتىپاق، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنىڭ ئەستە قولغا كەلگەنلىكىنى بىۋاسىتە ھېس قىلدۇق، بىز ھەسسىلەپ قەدىرلىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ، شۇنداقلا ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. بىر ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنىڭ قاتناشقۇچىسى ۋە مەنپەئەتلەنگۈچىسى. مەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارغا ئوخشاش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىدىن ئىنتايىن مىننەتدار. «پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش» «ياخشى كۈنلەر ياخشى سىياسەتتىن كەلگەن» دېيىش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئورتاق يۈرەك ساداسى بولۇپ قالدى. ئويلاپ باقايلى، ئەگەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولمىغان بولسا، ئۇلاردا مۇشۇنداق ئورتاق تونۇش ۋە مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بولاتتىمۇ؟

دۆلىتىمىز قانۇنچىل دۆلەت، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە زەربە بېرىش جەريانىدا ئامېرىكا تەرەپ دېگەندەك «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش» مەسىلىسى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى باشتىن - ئاخىر پاكىتنى ئاساس قىلىش، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش بىلەن كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىش بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھەم قانۇن بويىچە ئاز ساندىكى ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى تېررورلۇق تەشكىلاتى تايانچ ئۇنسۇرلىرى ۋە تېررورلۇق پائالىيىتى جىنايەتچىلىرى قاتتىق جازالىنىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىندى؛ ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ياردەم بېرىش، تەربىيەلەش ئارقىلىق قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپلىق قىلغان ياكى يېنىكرەك جىنايى قىلمىشى بار مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئەڭ زور چەكتە ئىتتىپاقلاشتۇرۇلۇپ، تەربىيەلىنىپ، قۇتقۇزۇۋېلىنىپ، ئۇلارنىڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى ۋە قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شىنجاڭدا قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىنغان، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم جەھەتتە قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپلىق قىلغان ياكى يېنىكرەك جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋېلىپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم پەيدا بولىدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر ھازىر قانۇننى بىلىپ، قانۇننى چۈشىنىپ، ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، يەنە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئىگىلىدى، كەسپىي ماھارەت ئۆگەندى، ئىشقا ئورۇنلىشىش يولىنى كېڭەيتتى.

شىنجاڭ قانۇن بويىچە بىر يۈرۈش ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللانغاندىن بۇيان، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا گۈللەنگەن، مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت ئىناق بولغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش جەڭگىۋارلىقى ۋە ئىرادىسىگە ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلھام بەردى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ گۈزەل يۇرت - ماكان قۇرۇش ۋە ئۇنى قوغداش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى كۈچەيتتى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىش قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملىدى. ئامېرىكا تەرەپ شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىش، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش تىرىشچانلىقىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپلا قالماي، ئەكسىچە پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى ھەققانىي تەدبىرىگە تۆھمەت قىلدى، قارا چاپلىدى، تېررورىزمغا تەپ تارتماستىن يانتاياق بولدى، يەل بەردى، بىز چوقۇم كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ رەزىل نىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ تاشلىشىمىز، تەنقىدلىشىمىز كېرەك. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئارازلىق سالىدىغان، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست جەزمەن مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ھامان تارىخنىڭ كۈلكە دەستىكى بولۇپ قالىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندىكى شىنجاڭ مۇقىم شىنجاڭ، يېپيېڭى شىنجاڭ. بىر شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىگە قارىتا ئۈمىدكە تولدۇم. مەن قەتئىي ئىشىنىمەنكى، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىسى ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ!

(بېشى 1 - بەتتە)

خىرىس قانچە كەسكىن بولغانسېرى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنىڭ كۈچلۈك مۇقىملاشتۇرغۇچلۇق رولىنى شۇنچە جارى قىلدۇرۇشىمىز، پارتىيە ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈمى ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، نىشان - ۋەزىپىلەرنى تاماملاشنى تۈپ كاپالەت بىلەن تەمىنلىشىمىز كېرەك.

پارتىيە ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈمى ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇشتا، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۈچەش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ رەھبەرلىك تۈزۈمى بولۇپ، بىز ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ ھەممىسىدە جەزمەن پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا پارتىيەنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇش تۈپ تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، پارتىيە ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە ياخشى پايدىلىنىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئىشەنچنى چىڭىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك. مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىققا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

پارتىيە ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈمى ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇشتا، ئايلاندۇرۇشقا كۈچەش كېرەك. جەزمەن شۇنى تونۇش كېرەككى، پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ھەممىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋېلىش ئەمەس، بەلكى چوڭ ئىشلارنى باشقۇرۇپ، چوڭ ئىشلارنى كېڭىشىپ، يۆنىلىشنى ئىگىلەش، چوڭ ۋەزىيەتنى باشقۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش شەكلى، ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، مۇھىم، زور سىياسەتلەرنى چىقىرىش ۋە تەڭشەشتە ئۇنىۋېرسال تەسىرىنى باھالاش كېرەك، «ئالدىراپ ئىش قىلىش»قا، «بىر تاياقتا ھەيدەش»كە بولمايدۇ. سىستېما نەزەرىيەسىنى چىقىش قىلىپ، ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان تارماقلار، ئوخشاش بولمىغان سىياسەتلەرنىڭ دۆلەت ئىقتىسادىنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى ئورنى ۋە فۇنكسىيەسىنى ماسلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەت قارىشىنى كۈچەيتىپ، بۇنى دەپ ئۇنىڭدىن قۇرۇق قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كۆپ خىل نىشان ئىچىدە ھەرىكەت ھالىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات داۋامىدا سىستېمىنى ئەلالاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى، قاراتمىلىقى، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ماكرو سىياسەتنى تەتۈر دەۋرىيلىك تەڭشەش سالمىقىنى ئىلمىي، پۇختا ئىگىلەپ، تاشقى بېسىمنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىش كېرەك.

دۇنيانىڭ ئىشلىرى مۇرەككەپ بولسىمۇ، كۆپ نۇقتا، كۆپ تەرەپتىن ئويلىنىپ تاقابىل تۇرۇش كېرەك، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتا، كېمە دەريادا ماڭغاندەك پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. تېخىمۇ شەرەپلىك بۇرچ، تېخىمۇ مۈشكۈل ۋەزىپە ئالدىدا، بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇردا چىڭ تۇرۇپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى تولۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، «14 - بەش يىل»لىق تەرەققىيات ۋە ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالايلى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى)**